# مەدەنىيلىكتىكى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى باراۋەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرتكە ئىگە بولغان. ھەر خىل ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇقىرى ۋە تۆۋەن، ياخشى ۋە ناچار دەپ ئايرىلمايدۇ. ھەر خىل مەدەنىيلىكنىڭ چىن مەنىسىنى بىلىشتە، باراۋەر، كەمتەر پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇش شەرت. ھاكاۋۇرلۇق ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش مەدەنىيلىكتىكى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى. ئۈچىنچى، مەدەنىيلىك سىغدۇرۇشچاندۇر، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى سىغدۇرۇشچان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە بولغان. پەقەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش بولغاندىلا، بىر خىل مەدەنىيلىك ئاندىن ھاياتىي كۈچكە تولالايدۇ. پەقەت سىغدۇرۇشچان بولۇش روھىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن قانداقتۇر «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» مەۋجۇت بولمايدۇ، مەدەنىيلىكنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي ئۆزگىرىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، بىراق ئۇ باشتىن ـ ئاخىر تومۇرداش بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەنىۋى ئىنتىلىشىنى جۇغلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىۋى بەلگىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى، تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى مول ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى جۇڭگو زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيلىك، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيلىكلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن مەدەنىيلىك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئىرق، تېرە رەڭگى، دىن ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن تەركىب تاپقان دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا سىڭىشكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈردى. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىككە مۇئامىلە قىلىشتا، بىز ئاسماندىنمۇ كەڭرى قەلبكە موھتاج. بىز ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئىچىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ئىزدەپ، ئوزۇق ئېلىپ، كىشىلەرنى مەنىۋى تىرەك ۋە روھىي تەسەللى بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل خىرىسلارنى قول تۇتۇشۇپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگو خەلقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى قوش قانات قىلغان تەرەققىيات جەريانى. جۇڭگو خەلقى دەۋرنىڭ يېڭى ئىلگىرىلىشى بويىچە، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك ئايلىنىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ياراتقان مول، رەڭدار مەدەنىيلىك بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەتنى توغرا مەنىۋى يېتەكچى ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

# شى جىنپىڭ دومىنىكا زۇڭتۇڭى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، جۇڭگو ـ دومىنىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر 5 ـ ئايدا، جۇڭگو دومىنىكا بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇلتۇر 11 ـ ئايدا، سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدىڭىز، بىز ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى ئورتاق تۈزۈپ، نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇشلارنى ھاسىل قىلدۇق. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو بىلەن دومىنىكانىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقى پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو بىلەن دومىنىكانىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئىككى تەرەپ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن چىقارغان توغرا سىياسىي ھۆكۈم بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشتى. مەن جۇڭگو ـ دومىنىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق ھەمكارلىقىنى سىجىل چوڭقۇرلىشىشقا يېتەكلەپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەتكە ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

مېدىنا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دومىنىكا بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بىر يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقتا مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىدى، دومىنىكا «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلاندى. بىز باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا قۇرۇلغان دومىنىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ كېلەچىكىدىن زور ئۈمىد كۈتىمىز، جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمىز.

# كۈرەش سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياشلىق باھارىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىز باتۇرلۇق بىلەن كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى ئىشەنچنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىمىزنى ۋەتەندىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملۇق ئىچىگە سىڭدۈرگەندىلا، ئاندىن كىشىلىك ھايات قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرالايمىز».

«باش شۇجى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشى كېرەك، دېدى. ياشلارنىڭ غايە ـ ئېتىقادى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. مەن ئۆز غايەمنى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ياشلىقىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولىمەن» دېدى گوچۇڭ ناھىيەسىدىكى ياش كادىر فېڭ شياۋيۈ.

«باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: ياشلار ئىرادىلىك بولۇپ، يىراقنى كۆزلىگەندىلا، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتالايدۇ، ياشلىق مەزگىلىدە خۇددى رولسىز كېمىدەك نىشانسىز لەيلەپ يۈرمەيدۇ.» قاغىلىق ناھىيەسى چوپان يېزىسى ئوراڭ كەنتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قەلبىنۇر ئەمەر مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ياشلارنى يېتەكلەپ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقىنى باشتىن ـ ئاخىر قەلبىمىزدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمىز.

كورلا شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كورلا شەھىرىنىڭ شاڭخۇ بازىرى شاڭخو كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى چېڭ شىنيۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىمىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىسى بەنزىسىگە ئەلالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرنى سەپلەپ، كەڭ ياشلارنى ئۇلۇغۋار غايە تىكلەشكە يېتەكلەپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ياشلارنى 4 ـ ماي روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، بەپايان زېمىندا ياشلىق سالاپىتىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز».

### ■ ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، باتۇرانە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىمىز

شايار ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم شەپقەت ھوشۇر مۇنداق دېدى: «كۈرەش قىلىش ياشلىقنىڭ ئەڭ يارقىن سىماسى. مەن باش شۇجىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۈزلۈكسىز ۋەتەنگە ئۆزۈمنى بېغىشلاپ، خەلققە ئۆزۈمنى بېغىشلاپ، بىر ئۆمۈرلۈك ھەقىقىي ھېسسىياتىمنى بېغىشلاش، بىر ئۆمۈر قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى نامايان قىلىمەن. 〈تۆت ئاڭ〉نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، 〈تۆت ئىشەنچ〉نى چىڭىتىپ، 〈ئىككىنى قوغداش〉نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، يېڭى دەۋردە 4 ـ ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلىرىم بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن».

ئارشاڭ ناھىيەسى مائارىپ سىستېمىسىدىكى «مامكاپ» ئوقۇتقۇچىلار تەشۋىق قىلىش ئەترىتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى گاۋ ۋا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى يېڭى دەۋردىكى ياشلاردىن چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۈمىد كۈتتى، بىز مائارىپ خىزمەتچىلىرى 4 ـ ماي روھىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلەشنى ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، بۇرچ قىلىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك».

لوپ ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرىدىگۈل ئابدۇلېتىپ مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى ئىلھام ئالدىم. مەن تىرىشىپ ئۆزۈمنى يۈكسەلدۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيمەن!»

شىنخۇا گۇرۇھى شىندۇڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ۋۇسەيۈەن توك تارقىتىش چەكلىك شىركىتى ئۈسكۈنە ئاسراش بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تۇرمۇش ھەيئىتى ئالىمجان ئىمامجان مۇنداق دېدى: يېڭى دەۋردىكى ئىتتىپاق ئەزاسى، ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئادەتتىكى چاغلاردا خىزمەت، تۇرمۇشتا چوقۇم ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پۇختا خىزمەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزۈمنى بېغىشلاپ، تىرىشىپ شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشىمەن.

### ■ دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ياشلىق سالاپىتىمىزنى نامايان قىلىمىز

قومۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لى بېيجىڭدا 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن خەلق سارىيىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى نەق مەيداندا ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولۇپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر مەيدان كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتۇر، بىزنىڭ ياخشى نەتىجە يارىتىش ئىرادىمىز بار، باش شۇجىنىڭ كەڭ ياشلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، يېڭى دەۋرگە ئاكتىپ قۇچاق ئېچىپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ياشلىقنى ۋەتەنگە، خەلققە بېغىشلاش داۋامىدا تېخىمۇ يارقىن سالاپىتىمىزنى نامايان قىلىمىز».

ئاقچى ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى پېڭ زىجيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى دەۋردە، ياشلار 4 ـ ماي روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. مائارىپقا ياردەم بېرىش مەزگىلىدە، مەن ياشلىقىم ئارقىلىق تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى 4 ـ ماي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا تەربىيەلەپ، ئۇلارنى جاسارەت بىلەن ئۆگىنىدىغان، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەشكە يېتەكلەيمەن.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تيەن تيەن مۇنداق دېدى: «پەقەت ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتمىغاندىلا، ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. بىز باش شۇجىنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ياشلىقىمىزنى بېغىشلاش داۋامىدا تېخىمۇ يارقىن جۇلالاندۇرىمىز».

شىنجاڭ داشۆ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ بىناكارلىق لايىھەلەش ۋە نەزەرىيە كەسپىنىڭ 2018 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئېكپىن قابدىش مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، يېڭى دەۋردىكى ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، چوقۇم مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، پۇختا قەدەم بېسىش غەيرىتى، يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش، كۈرەش قىلىش، بېغىشلاش روھى ئارقىلىق باش شۇجىنىڭ بىز ياشلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قانتەرىم بىلەن تېخىمۇ سەلتەنەتلىك ياشلىق ناخشىسىنى يېزىپ چىقىمەن!»

**(مۇخبىرلىرىمىز شيا چىڭ، خەن چىنيەن، گې يۈۋجۈن، چېڭ يۈيۈ، جاڭ تىڭ، لى داۋجۈڭ، خې لىڭ، جاڭ جىلى، جەزىرە نىسبېك، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما جىجۈەن، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋۇ شيالى، ۋاڭ چيەنشى، يۈەن نا يازغان)**

# دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەت

(بېشى 1 ـ بەتتە)

4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئۈچ چوڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەقەگە ئايلاندى ھەم يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۈچ ئۇلۇغ ئابىدە بولۇپ قالدى.

تارىخ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى، ئۇ بىر دۆلەت بېسىپ ئۆتكەن ئىزلارنى سادىقلىق بىلەن خاتىرىلەيدۇ، شۇنداقلا بىر دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى مەدەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۈگۈن، بىز 4 ـ ماي ھەرىكىتىنى خاتىرىلىگەندە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋەتەننى سۆيۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش، دېموكراتىيە، ئىلىم ـ پەننى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۇلۇغ 4 ـ ماي روھىنى يېتىلدۈردى، ئۇنىڭ يادروسى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر كۆرسەتتىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قەدىمدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان تومۇرىدا ئېقىپ كەلگەن، ئۇنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇزۇۋەتكىلى بولمايدۇ، يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، پەقەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەندىلا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى جۇڭگونى ئۆزگەرتىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىش جەريانىدا، تاغنى تالقان قىلىدىغان تارىخىي ئۇلۇغ كۈچنى نامايان قىلالايدۇ.

بۈگۈن، بىز 4 ـ ماي ھەرىكىتىنى خاتىرىلىگەندە، ھەقىقەتكە ئىنتىلىدىغان، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغان ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى قوزغىتىشىمىز كېرەك. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ئىلگىرى پەقەت ئويغانغان ئىنقىلابچىلار بولسىمۇ، ئويغانغان خەلق ئاممىسى كەمچىل بولۇشتەك كۈرەش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىلىق، جۇڭگودىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىلغار كىشىلەر ماركسىزم بايرىقى ئاستىغا توپلاندى، 1921 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، جۇڭگو تارىخىدا يېپيېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر كۆرسەتتىكى، ماركسىزم بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاچقا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ئويغىنىشى بولغاچقا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىش دولقۇنىنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقانداق كىشى توسۇپ قالالمىدى.

بۈگۈن، بىز 4 ـ ماي ھەرىكىتىنى خاتىرىلىگەندە، مەڭگۈ كۈرەش قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگو ياشلىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى بايقىدى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئۆزىنىڭ كۈچىنى بايقىدى. جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى كۈرەش قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى جەزمەن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ھېچكىمنىڭ بىزگە پارلاق جۇڭگونى ئىلتىپات قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر كۆرسەتتىكى، پەقەت جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلسىلا، بىزنىڭ دۆلىتىمىز چوقۇم بېيىشقا، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ ماڭالايدۇ، بىزنىڭ مىللىتىمىز چوقۇم ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ۋاقىت دەرياسى توختاۋسىز ئاقتى، گۈللىنىش يولى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. 100 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى مىسلىسىز پارلاق ئىستىقبالنى نامايان قىلدى. تارىخنىڭ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئېلىپ، باتۇرلارچە ئىلگىرىلەش جەريانىدا دولقۇن يېرىپ ئېلىشساقلا، ھەممە بەسلىشىۋاتقان رىقابەتتە ئېقىننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرساقلا، بىز جەزمەن 4 ـ ماي روھىنى تېخىمۇ كۆزنى چاقنىتىدىغان دەۋر نۇرى چاچقۇزۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**